# جۇڭگو بىلەن بىرما دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش يۈرۈشلۈك پائالىيىتى ھەم جۇڭگو ـ بىرما مەدەنىيەت ـ ساياھەت يىلىنىڭ باشلىنىش مۇراسىمىدا قىلىنغان سۆز

(2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، نېپىيدو)

جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ

**ھۆرمەتلىك زۇڭتۇڭ ۋىن مىن،**
**ھۆرمەتلىك دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ئاۋشەن سۇچى،**
**خانىملار، ئەپەندىلەر، دوستلار:**
مىنگىلابا!

يېڭى يىل كىرىشى بىلەن دۆلىتىڭلار يېقىندىلا مۇستەقىللىق بايرىمىنى تەبرىكلىدى، جۇڭگونىڭ چاغنى يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا، مەن بۇ قۇتلۇق، خۇشال پەيتتە دۆلىتىڭلاردا زىيارەتتە بولدۇم، بولۇپمۇ بۈگۈن كەچتە كۆپچىلىك بىلەن خۇشال ـ خۇرام بىر يەرگە جەم بولۇپ، ناھايىتى ئىللىقلىق ھېس قىلدىم. ئالدى بىلەن، مەن جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن، بىرما جەمئىيىتىدىكى ھەرقايسى ساھە ۋە بىرما خەلقىگە سەمىمىي سالام يوللايمەن ۋە بايراملىق بەخت تىلەيمەن.

بايا، زۇڭتۇڭ ۋىن مىن ۋە دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ئاۋشەن سۇچى تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق بىلەن سۆز قىلدى. ئەمدى، بىز جۇڭگو بىلەن بىرما دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش پائالىيىتى ھەم جۇڭگو ـ بىرما مەدەنىيەت ـ ساياھەت يىلىنى بىرلىكتە باشلايمىز. بۇ، جۇڭگو ـ بىرما دوستلۇق ئالاقىسىنىڭ شانلىق مۇساپىسىنىڭ مۇھىم تارىخىي بەلگىسى، شۇنداقلا ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ كاتتا ئىشى، مەن كۆپچىلىك بىلەن بىرلىكتە بۇ تارىخىي پەيتكە گۇۋاھ بولغانلىقىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن.

جۇڭگو بىلەن بىرمىنىڭ تاغ ـ دەريالىرى تۇتاش، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ دوستلۇق ئالاقىسى مىڭ يىلدىن ھالقىپ، ئۈزۈلمەي داۋاملىشىپ كەلدى. مەيلى چىن، خەن مەزگىلىدە جەنۇب تەرەپتىكى يىپەك يولىدا بار ـ يوقنى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش، پيۇ دۆلىتىنىڭ شاھزادىسى گۈللەنگەن تاڭ سۇلالىسىگە ئەلچىلىككە بېرىپ ناخشا ـ ئۇسسۇل سەنئىتىنى ئالماشتۇرۇش بولسۇن، يەنە ئالدىنقى ئەسىردە ئىككى تەرەپ قول تۇتۇشۇپ مۇستەملىكىچىلىككە، جاھانگىرلىككە قارشىلىق كۆرسىتىشتە بولسۇن، ھەممىسىدە ئىككى تەرەپنىڭ كۆڭۈل رىشتىسى تۇتاش، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇشتەك چوڭقۇر ئاساسى ۋە قىممەتلىك ئەنئەنىسى گەۋدىلەندۈرۈلدى.

جۇڭگو ـ بىرما مەدەنىيىتىدە «رىشتە» سۆزىگە ئوخشاش ئەھمىيەت بېرىلىدۇ. ئىككى دۆلەتنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى يېقىن، خەلقلىرى ئۆزئارا ئىناق، مەدەنىيىتى ئۆزئارا باغلىنىشلىق، قېرىنداشلىق مېھرى مىڭ يىلدىن بۇيان باشتىن ـ ئاخىر بىرخىل بولۇپ كەلدى، بۇ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتى تەرەققىياتىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە مەنبەسى. ئىككى تەرەپ دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنى تەبرىكلەش پائالىيىتىنى ياخشى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق مەدەنىيەتتە ئۆزئارا ئۆرنەك ئېلىشنى كۈچەيتىپ، ئادىمىيەت ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەت پۇقرالىرى ئۈچۈن كۆپرەك ئەمەلىي ئىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىپ، جۇڭگو ـ بىرما دوستلۇق ئىشلىرى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ قاتناشقۇچى، نەپ ئالغۇچى، قوللىغۇچىنى يېتىشتۈرۈپ، ئىككى دۆلەت دوستلۇقىنىڭ جەمئىيەت ئاساسىنى مۇستەھكەملىشى كېرەك.

مەدەنىيەت ۋە ئامىمىنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتى بىر دۆلەتنىڭ ئىسىم كارتىسى. مەن 11 يىل ئىلگىرى دۆلىتىڭلاردا زىيارەتتە بولغان، دۇنياغا داڭلىق رانگون ئالتۇن مۇنارى، ئاق كۆڭۈل، دوستانە يەرلىك خەلق ئاممىسى، كاتتا، رەڭگارەڭ مەدەنىيەت ئۆرپ ـ ئادەتلىرى مەندە چوڭقۇر ھەم گۈزەل تەسىرات قالدۇرغان. يەنە بىر قېتىم نېپىيدوغا زىيارەتكە كەلگىنىمدە، بۇ يەر بۇرۇنقىدەكلا تىنچ، خاتىرجەم بولۇپ، ھاياتىي كۈچكە تولۇپ تۇرۇپتۇ. شۇنىڭغا ئىشىنىمەنكى، جۇڭگو ـ بىرما مەدەنىيەت ـ ساياھەت يىلىنىڭ باشلىنىشىغا ئەگىشىپ، تېخىمۇ كۆپ جۇڭگو خەلق ئاممىسى بىرمىغا كېلىپ، بۇ يەرنىڭ مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە گۈزەل يۈگمە رەسىمىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ.

خانىملار، ئەپەندىلەر، دوستلار!

تارىخنىڭ چاقى توختىماي ئىلگىرىلىمەكتە. يېڭى دەۋردە جۇڭگو ـ بىرما مۇناسىۋىتىنى ئالغا سىلجىتىشتا، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئېچىش، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىش كېرەك. مەن زۇڭتۇڭ ۋىن مىن بىلەن بۇ قېتىمقى زىيارەتنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ، جۇڭگو ـ بىرما تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى ئورتاق بەرپا قىلىشقا بىردەك قوشۇلدۇق. بۇ مۇھىم سىياسىي ئورتاق تونۇش جۇڭگو ـ بىرما ئىككى دۆلىتىنىڭ چىش بىلەن كالپۇكتەك يېقىن، مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش بولۇشتەك ئالاھىدە مۇناسىۋىتىنى چوڭقۇر چۈشەندۈرۈپ بەردى، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولۇش، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇشتەك قېرىنداشلىق مېھرىنى جانلىق گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتىنىڭ يېپيېڭى ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئومۇميۈزلۈك سۈرەتلەپ بەردى.

2020 ـ يىلى جۇڭگو ـ بىرما ئىككى دۆلەت ۋە ئىككى تەرەپ مۇناسىۋىتىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يىل. جۇڭگو ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىدۇ. بىرمىدا پات ئارىدا يېڭى بىر نۆۋەتلىك چوڭ سايلام ئۆتكۈزۈلىدۇ، دۆلەتنىڭ تەرەققىيات قۇرۇلۇشى يېڭى مەزگىلگە كىرىدۇ. جۇڭگو ـ بىرما مۇناسىۋىتى يېڭى دەۋرگە كىردى، ئىككى تەرەپ جۇڭگو ـ بىرما تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشنى مىزان قىلىپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى مۇھىم بىلىپ، سىياسىي جەھەتتىكى ئۆزئارا ئىشەنچنى مۇستەھكەملەپ، ئەمەلىي ھەمكارلىقنى كېڭەيتىپ، ئادىمىيەت ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنى مەڭگۈ ياخشى قوشنا، ياخشى دوست، ياخشى قېرىنداش، ياخشى ھەمراھلاردىن قىلىشى كېرەك.

بايا مەن جۇڭگو بىلەن بىرما دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلەش سۈرەتلىرى كۆرگەزمىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدىم، بۇنىڭ ئىچىدە جوۋ ئېنلەي زۇڭلى 1954 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنىدىن 29 ـ كۈنىگىچە بىرمىدا زىيارەتتە بولغاندىكى بىر پارچە سۈرەت بار بولۇپ، ئۇ چاغدا، جۇڭگو بىلەن ھىندىستان، بىرما ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قوشما بايانات ئېلان قىلىپ، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنى ئورتاق تەشەببۇس قىلغان. بۇ خەلقئارا مۇناسىۋەت تارىخىدىكى مۇھىم، زور ئىجادىيەت.

بۈگۈنكى دۇنيا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىنى باشتىن كەچۈرۈۋاتىدۇ، خەلقئارا جەمئىيەت كۈنسېرى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان، ئۆزئارا سىڭىشكەن تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىگە ئايلىنىۋاتىدۇ، ئەمما خەلقئارا مۇناسىۋەتتە ئادىل بولماسلىق، باراۋەر بولماسلىق قاتارلىق ھادىسىلەر يەنىلا ناھايىتى گەۋدىلىك، دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداپ، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشتە يەنىلا ۋەزىپە ئېغىر، يول يىراق. يېڭى ۋەزىيەتتە، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنىڭ ۋاقتى ئۆتمىدى، ئەكسىچە ئۇزاق تارىخىي جەرياندا تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە تولدى. جۇڭگو تەرەپ بىرما تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىنى ئەۋج ئالدۇرۇش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، دۆلەتلەر ئارىسىدىكى ئالاقىنىڭ ئۈلگىلىرىدىن بولۇپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ قول تۇتۇشۇپ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى خالايدۇ.

خانىملار، ئەپەندىلەر، دوستلار!

20 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىدا، جۇڭگونىڭ يۋەنشۈەيى چېن يى: «قېرىنداشلىق مېھرى چوڭقۇر، دەريانىڭ مەنبەسى ئۇزۇن» دەپ شېئىر يازغانىدى. ئىشىنىمەنكى، ئىككى تەرەپنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىدا، جۇڭگو ـ بىرمىنىڭ دوستلۇق ئالاقىسى ۋە ھەمكارلىق تەرەققىياتىنىڭ تارىخىي ئېقىنى چوقۇم مەنبەداش بولغان جۇڭگو لەنساڭجياڭ دەرياسى بىلەن بىرما يىلوۋادى دەرياسىغا ئوخشاش ئېگىز تاغ ۋە تىك چوققىلاردىن ھالقىپ، شىددەتلىك ئېقىن، خەتەرلىك ساھىللاردىن ئۆتۈپ، باشتىن ـ ئاخىر ئۆركەشلەپ ئالغا قاراپ ئىلگىرىلەيدۇ.

ئاخىرىدا، مەن چىن كۆڭلۈمدىن جۇڭگو ـ بىرما دوستلۇقىنىڭ مەڭگۈ ياشناپ تۇرۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن!

ئىزاھات:

مىنگىلابا بىرما تىلىدا «ياخشىمۇسىز» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نېپىيدو، 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

# شى جىنپىڭ بىلەن برۇنېي سۇلتانى خاسانئال ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا 2020 «جۇڭگو ـ برۇنېي ساياھەت يىلى»نىڭ باشلىنىش مۇراسىمىغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ بىلەن برۇنېي سۇلتانى خاسانئال ئايرىم ـ ئايرىم تەبرىك خېتى ئەۋەتىپ، 2020 «جۇڭگو ـ برۇنېي ساياھەت يىلى»نىڭ برۇنېينىڭ سېرى بېگاۋان شەھرىدە باشلانغانلىقىنى تەبرىكلىدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن برۇنېي دېڭىز ئارقىلىق ئايرىلىپ تۇرىدىغان دوست قوشنىلار، شۇنداقلا ئۆزئارا ئىشىنىدىغان دوست ۋە ھەمراھلار. ئۆتكەن ئىككى يىلدا مەن سۇلتان خاسانئال بىلەن تارىخىي خاراكتېرلىك ئۆزئارا زىيارەت قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگو ـ برۇنېي ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىپ، سىياسىي جەھەتتە ئۆزئارا ئىشىنىدىغان، ئىقتىسادىي جەھەتتە ئۆزئارا پايدا يەتكۈزىدىغان، ئادىمىيەت ئالاقىسى راۋاجلاشقان، كۆپ تەرەپلىك ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان ياخشى ھەمراھلاردىن بولۇشنى بىردەك قارار قىلغانىدۇق. ئىككى تەرەپنىڭ ساياھەت يىلى ئۆتكۈزۈشنى پۇرسەت بىلىپ، خادىملار ئالاقىسىنى كېڭەيتىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ۋە ساياھەت ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، سەمىمىي مۇئامىلە قىلىدىغان ياخشى دوستلاردىن، ئورتاق تەرەققىي قىلىدىغان ياخشى ھەمراھلاردىن بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

خاسانئال تەبرىك خېتىدە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: برۇنېي ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىق ھەمراھلىرىدىن بولۇپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنىڭ يېڭى ساھەلىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى. جۇڭگو برۇنېينىڭ قىممەتلىك ساياھەت بازىرى. مەن ئىككى دۆلەت ساياھەت تارماقلىرىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىق قىلىپ، ساياھەت يىلىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا ھەققىي كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

2019 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، رەئىس شى جىنپىڭ بېيجىڭدا زىيارەتكە كەلگەن برۇنېي سۇلتانى خاسانئال بىلەن بىرلىكتە 2020 ـ يىلنى «جۇڭگو ـ برۇنېي ساياھەت يىلى» دەپ جاكارلىغان. جۇڭگو ـ برۇنېي ئىككى تەرەپ پۈتۈن بىر يىلدا كۆرگەزمە، مۇنبەر، تەربىيىلەش، دۇنيا مەدەنىيەت مىراسلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش قاتارلىق پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ ئاپتوموبىل ئەترىتى ئايروپورتتىن شەھەر رايونىغا قاراپ ماڭدى. ئايروپورت دەرۋازىسىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە «جۇڭگونىڭ دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ بىرمىدا زىيارەتتە بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز» «بىرما فېدېراتسىيە جۇمھۇرىيىتى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ جانابلىرىغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىدۇ» دېگەن خەتلەر يېزىلغان قىزىل لوزۇنكا ئېسىلغانىدى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە جۇڭگو ـ بىرما ئىككى دۆلەتنىڭ دۆلەت بايرىقى شامالدا لەپىلدەپ تۇراتتى، شى جىنپىڭنىڭ چوڭ ئەنلىك سۈرىتى ۋە «جۇڭگو ـ بىرمىنىڭ قېرىنداشلارچە دوستلۇقى مەڭگۈ ياشىسۇن» «جۇڭگو ـ بىرمىنىڭ دوستانە ھەمكارلىقى ئۈزلۈكسىز راۋاجلانغۇسى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان چوڭ پىلاكات كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىپ تۇراتتى. شۇ جايدىكى ئامما ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، ياش ئوقۇغۇچىلار ئىككى دۆلەتنىڭ دۆلەت بايرىقىنى پۇلاڭلىتىپ، بىرما خەلقىگە خاس سەمىمىيلىك بىلەن ئەڭ ئەزىز مېھمانىنى قىزغىن قارشى ئالدى.

شى جىنپىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن بىرما ھۆكۈمىتى ۋە بىرما خەلقىگە سەمىمىي سالام يوللىدى ۋە ياخشى تىلەك تىلىدى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: جۇڭگو بىلەن بىرما تاغ ـ دەريالىرى تۇتاش دوست قوشنىلار، ئىككى دۆلەت خەلقىنىڭ قېرىنداشلىق مېھرى چوڭقۇر. دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقان 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو ـ بىرما ئىككى دۆلەت ئورتاق تەشەببۇس قىلغان تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىغا ئەمەل قىلىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالماشتۇرۇش، ھەمكارلىقتا ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. مەن بىرما رەھبەرلىرى بىلەن ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتى ۋە ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان مەسىلىلەر توغرىسىدا چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، قېرىنداشلىق مېھرىگە ئورتاق ۋارىسلىق قىلىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمكارلىقنى قويۇقلاشتۇرۇپ، جۇڭگو ـ بىرما مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلۈشى، يېڭى دەۋرگە كىرىشىگە تۈرتكە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار ھەمراھ خادىملار شۇ ئايروپىلاندا بىللە يېتىپ باردى.

جۇڭگونىڭ بىرمىدا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى چېن خەيمۇ ئايروپورتتا چىقىپ كۈتۈۋالدى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى مەخسۇس ئايروپىلان بىلەن بېيجىڭدىن ئايرىلىپ، بىرما فېدېراتسىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ زۇڭتۇڭى ۋىن مىننىڭ تەكلىپى بويىچە، بىرمىدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدۇ.

شى جىنپىڭغا ھەمراھ بولۇپ زىيارەتكە چىققانلاردىن، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت شۇجىچۇسىنىڭ شۇجىسى، مەركىزىي كومىتېت بەنگۇڭتىڭىنىڭ مۇدىرى دىڭ شۆشياڭ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بىيۇروسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي كومىتېت تاشقى ئىشلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى ياڭ جيېچى، دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى قوشۇمچە دىپلوماتىيە مىنىستىرى ۋاڭ يى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، دۆلەت تەرەققىيات ۋە ئىسلاھات كومىتېتىنىڭ مۇدىرى خې لىفېڭ قاتارلىقلار بار.

# شى جىنپىڭ بىرما زۇڭتۇڭى ۋىن مىن بىلەن سۆھبەتلەشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىككى تەرەپنىڭ ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىدا تېخىمۇ كۆپ نەتىجە يارىتىپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە بەخت يارىتىشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ بىرما تەرەپ بىلەن قول تۇتۇشۇپ ئەنئەنىۋى قېرىنداشلىق مېھرىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، تەرەققىيات ئۇلۇغۋار پىلانىنى ئورتاق تۈزۈپ، جۇڭگو ـ بىرما مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئېچىشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بىز يېقىندىلا يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى تەبرىكلىدۇق. 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگونىڭ غايەت زور تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قولغا كەلتۈرگەنلىك ئەمەلىيىتى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو خەلقى تاللىغان تەرەققىيات يولى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، بىز داۋاملىق قەتئىي تەۋرەنمەي ماڭىمىز. جۇڭگونىڭ كەلگۈسىگە نىسبەتەن، بىز تولۇپ تاشقان ئىشەنچكە تولدۇق. جۇڭگو تىنچ تەرەققىياتتا چىڭ تۇرىدۇ. مەڭگۈ زومىگەر بولماسلىقتا چىڭ تۇرىدۇ. شۇڭا مەن ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويدۇم، بۇ يەر شارى كەنتىدىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىناق ئۆتۈشى، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىشتا، ئالدى بىلەن ئەتراپتىن باشلاپ، ئىناق قوشنىدارچىلىق، تىنچ قوشنىدارچىلىق، باي قوشنىدارچىلىقتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. جۇڭگو تاشقى ھەمكارلىقنى قانات يايدۇرۇشتا ئەزەلدىن باشقىلارغا زورلاپ تاڭمىدى، ئەزەلدىن باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئىچكى ئىشىغا ئارىلاشمىدى، بىرى يېڭىش، بىرى يېڭىلىشقا، بىر تەرەپ ھەممىگە ئىگە بولۇۋېلىشقا قارشى تۇردى. جۇڭگو تەرەپ بىرما تەرەپ بىلەن «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش رامكىسىدا جۇڭگو ـ بىرما ئىقتىساد كارىدورى ئۆتۈقلۇق ھەمكارلىق تۈر قۇرۇلۇشىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، شۇ جايدىكى خەلققە تېخىمۇ كۆپ نەپ يەتكۈزۈپ، ئۇلارنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى ۋە بەخت تۇيغۇسىغا ئېرىشتۈرۈشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق تۈردە خەلقئارا سەھنىدە بىرمىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئەتى ۋە دۆلەتنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغدىشىنى قەتئىي قوللايدۇ.

ۋىن مىن بىرما ھۆكۈمىتى ۋە بارلىق خەلققە ۋاكالىتەن رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بىرمىدا دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولغانلىقىنى قىزغىن قارشى ئالدى، بۇ قېتىمقى زىيارەتنىڭ مۇقەررەركى بىر قېتىملىق تارىخىي خاراكتېرلىك زىيارەت بولۇپ، بىرما ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىدە يېڭى سەھىپە ئاچىدىغانلىقىغا ئىشىنىدى. ۋىن مىن يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى تەبرىكلىدى، جۇڭگونىڭ بىرما قاتارلىق تېخىمۇ كۆپ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بىلەن دۆلەتنى ئىدارە قىلىش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش تەجرىبىلىرىدىن ھەمبەھىرلىنىشنى ئۈمىد قىلدى، جۇڭگونىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنىڭ بىرمىنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاش، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنى پايدىلىق ئۆرنەك بىلەن تەمىنلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدى. ئۇ مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بىرما تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ روكەي ئىشتاتى قاتارلىق مەسىلىلەردىكى چۈشىنىشى ۋە قوللىشىغا رەھمەت ئېيتىدۇ، جۇڭگو تەرەپنىڭ بىرمىنىڭ دۆلەت ئىچى تىنچلىق مۇساپىسىدە ئىجابىي رولىنى جارى قىلدۇرغانلىقىنى ئالقىشلايدۇ. بىرما تەرەپ بىر جۇڭگو پرىنسىپىغا قەتئىي ئەمەل قىلىدۇ، جۇڭگونىڭ شياڭگاڭ، ئاۋمېندا يولغا قويغان «بىر دۆلەت ئىككى تۈزۈم» فاكچېنىغا ھۆرمەت قىلىدۇ، باشتىن ـ ئاخىر تەيۋەننى جۇڭگو زېمىنىنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى دەپ قارايدۇ. بىرما تەرەپ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىش تەشەببۇسىنى قوللايدۇ، جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرما ـ جۇڭگو تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى پائال بەرپا قىلىشنى خالايدۇ. جۇڭگو تەرەپ بىرمىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى شەخسىيەتسىز ياردەم بىلەن تەمىنلىدى، ھەمكارلىشىپ خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزدى، مۇھىت ئاسراشقا كۆڭۈل بۆلدى. ئىككى تەرەپنىڭ «بىر بەلباغ، بىر يول» رامكىسى ئىچىدە بىرما ـ جۇڭگو ئىقتىساد كارىدورىنى ئورتاق قۇرۇش قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇشى بىرمىنىڭ دۆلەت تەرەققىياتىدا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، ھەمكارلىقنىڭ كۆلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ئەگىشىپ، بىرما ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار سۆھبەتكە قاتناشتى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نېپىيدو، 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىر جياڭ گوپېڭ) شۇ جاي ۋاقتى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ نېپىيدودىكى زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىدە بىرما زۇڭتۇڭى ۋىن مىن ئۆتكۈزگەن داغدۇغىلىق قارشى ئېلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

1 ـ ئايدىكى نېپىيدو ئىللىق قۇياش نۇرىغا چۆمگەن بولۇپ، ئوت ـ چۆپ ۋە دەل ـ دەرەخلەر ياپيېشىل تۈسكە كىرگەنىدى، زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىنىڭ ئالدىدىكى چىملىقتا ھۆرمەت قاراۋۇللىرى مەردانە قىياپەتتە سەپكە رەتلىك تىزىلغانىدى.

ۋىن مىن زۇڭتۇڭ مەھكىمىسى ئالدىدا شى جىنپىڭنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى بىرلىكتە پاراتنى كۆزدىن كەچۈرۈش مۇنبىرىگە چىقتى، ھۆرمەت قاراۋۇللىرى مىلتىق كۆتۈرۈپ ئېھتىرام بىلدۈردى، ھەربىي ئوركېستر جۇڭگو ـ بىرما ئىككى دۆلەتنىڭ دۆلەت شېئىرىنى ئورۇنلىدى. شى جىنپىڭ ۋىن مىننىڭ ھەمراھلىقىدا ھۆرمەت قاراۋۇللىرىنى كۆزدىن كەچۈردى. ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا قارشى تەرەپنىڭ ھەمراھ خادىملىرى بىلەن بىر ـ بىرلەپ قول ئېلىشىپ سالاملاشتى.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار قارشى ئېلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، نېپىيدو، 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** (مۇخبىرلار لۇ چۈەنجۇڭ، سۈن خاۋ) شۇ جاي ۋاقتى 1 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى كەچتە، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ نېپىيدودا بىرما زۇڭتۇڭى ۋىن مىن زۇڭتۇڭ مەھكىمىسىدە ئۆتكۈزگەن داغدۇغىلىق قارشى ئېلىش زىياپىتىگە قاتناشتى.

شى جىنپىڭ بىرما زۇڭتۇڭى ۋىن مىن، دۆلەت ئىشلىرى مەسلىھەتچىسى ئاۋشەن سۇچى، 1 ـ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ مىن رۈي، 2 ـ مۇئاۋىن زۇڭتۇڭ خېنلى بەنتىيۇ قاتارلىقلارنىڭ ھەمراھلىقىدا زىياپەت زالىغا كىردى.

ھەربىي ئوركېستر جۇڭگو ـ بىرما ئىككى دۆلەتنىڭ دۆلەت شېئىرىنى ئورۇنلىدى.

ۋىن مىن تەبرىك سۆزىدە مۇنۇلارنى بىلدۈردى: رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بىرمىنى يېڭى يىلدىكى تۇنجى زىيارەتتە بولىدىغان دۆلەت قىلغانلىقىدىن بىرما خەلقى چوڭقۇر شەرەپ ھېس قىلىدۇ. بىرما تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ بىرمىنىڭ تىنچلىقى ۋە تەرەققىياتىنى قوللىغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدۇ. بىرما ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپىغا باشتىن ـ ئاخىر ئەمەل قىلىپ، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، ئۆزئارا چۈشىنىپ، تېخىمۇ قويۇق ھەمكارلىق ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا كۈچ چىقاردى. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ بۇ قېتىمقى زىيارىتىنىڭ ئىككى دۆلەت مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىدىكى مۇھىم ئابىدىگە ئايلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. رەئىس شى جىنپىڭنىڭ زىيارىتىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك، ئوڭۇشلۇق بولۇشىغا، مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈشىگە تىلەكداشمەن!

شى جىنپىڭ سۆزىدە ئالدى بىلەن بىرما ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىنىڭ دوستانە كۈتۈۋالغانلىقى ۋە ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرغانلىقىغا رەھمەت ئېيتتى. شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: تارىخىي ئەسلىمە، ئىككى دۆلەتنىڭ قېرىنداشلىق مېھرىنىڭ مىڭ يىلدىن ھالقىپ، تارىختىن بۇيان مۇستەھكەملىنىپ كېلىشىنىڭ سەۋەبى، ئىككى تەرەپنىڭ باشتىن ـ ئاخىر كۆڭۈل رىشتىسى تۇتاش بولۇش، سەمىمىي دوستلىشىشتىن ئىبارەت قېرىنداشلىق مېھرىدە چىڭ تۇرغانلىقىدا، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئېغىر كۈنلەردە بىللە بولۇش ئېسىل ئەنئەنىسىدە چىڭ تۇرغانلىقىدا، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىش ھەمكارلىق فاكچېنىدا چىڭ تۇرغانلىقىدا. كەلگۈسىگە نەزەر سالساق، ئىككى تەرەپ جۇڭگو بىلەن بىرما دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقنىڭ 70 يىللىقىنى پۇرسەت بىلىپ، قول تۇتۇشۇپ جۇڭگو ـ بىرما تەقدىر ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىپ، جۇڭگو ـ بىرما مۇناسىۋىتىنىڭ يېڭى دەۋرىنى ئېچىشى كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بىز جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولىدىغان ياخشى قوشنا بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىناق قوشنىدارچىلىق، دوستلۇق روھىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ خاتىرجەم ياشىشى ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى مۇھىت يارىتىشىمىز كېرەك. جاپادىمۇ، ھالاۋەتتىمۇ بىللە بولىدىغان ياخشى دوستلاردىن بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى ۋەزىيەتتە داۋاملىق قول تۇتۇشۇپ تىنچلىقتا بىللە تۇرۇشنىڭ بەش پرىنسىپى روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، بىر ـ بىرىنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان مۇھىم، زور مەسىلىلىرىنى قەتئىي قوللاپ، دۇنيانىڭ تىنچلىقى، مۇقىملىقى ۋە گۈللىنىشى، تەرەققىياتىنى ئورتاق ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك. ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان ياخشى ھەمراھلاردىن بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو ـ بىرما ئىقتىساد كارىدورىنىڭ ماھىيەتلىك قۇرۇلۇشقا كىرىشكە تۈرتكە بولۇپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالاقىسى، ھەمكارلىقىدا ئۈلگىلىك، يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىككى دۆلەت خەلقلىرىگە تېخىمۇ زور بەخت ـ سائادەت ئېلىپ كېلىشىمىز كېرەك. بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە بولىدىغان ياخشى قېرىنداشلاردىن بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ، خەلق كۆڭلىنى ئۆتۈپ، خەلق رايىغا ئۇيغۇنلىشىپ، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈپ، جۇڭگو ـ بىرمىنىڭ دوستلۇق ئىشلىرىغا ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ۋارىسلىق قىلىشىمىز كېرەك. يېڭى بىر يىلدا، جۇڭگو ـ بىرما ئىككى دۆلەتنىڭ داۋاملىق ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، قول تۇتۇشۇپ ئورتاق ئىلگىرىلەپ، دۆلەت تەرەققىياتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىپ، جۇڭگو ـ بىرما دوستلۇقىنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى پۈتۈپ چىقىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

دىڭ شۆشياڭ، ياڭ جيېچى، ۋاڭ يى، خې لىفېڭ قاتارلىقلار قاتناشتى.